## 20020 ـ ئىنجىل ۋە تەۋراتقا ئىگە بولۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغان سۆزلىرىنى بىلىش ئۈچۈن بىرەر نۇسخا ئىنجىلنى ساقلىسام بولامدۇ؟، ھازىر بار بولغان ئىنجىللار سەھىھمۇ؟، مەن سەھىھ بولغان ئىنجىل پۇرات دەرياسىغا غەرق قىلىنغان دەپ ئاڭلىغانتىم، بۇ توغرىمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرى نازىل بولغان ئىنجىل ـ تەۋرات ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردىن بىر نۇسخىنى سېتىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1–ئىلگىرىكى كىتابلاردا بايان قىلىنغان مەنپەئەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ بەردى.

2–قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈم ۋە مەلۇماتلار ئىلگىرىكى كىتاپلاردىكى ھەممە نەرسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: نَزَّلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِتەرجىمىسى: (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (ئاللاھ) ساڭا نازىل قىلدى. [سۈرە ئال ـ ئىمران 3–ئايەت].

ئىلگىرىكى كىتابلاردا بار بولغان ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمدە بار. سوئال سورىغۇچىنىڭ سوئالىغا كەلسەك: ئۇ كىشى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغان سۆزلىرىنى بىلىشنى مەقسەت قىلىپتۇ، بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ مەنپەئەتلىك بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسى كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدە بار، شۇڭا ئۈچۈن باشقا كىتابلاردىن بىر نەرسە ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق.

ھازىر بار بولغان ئىنجىللار ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، بۇنىڭ دەلىلى ھازىر بار بولغان تۆت ئىنجىلنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ بىر ئىنجىل ئەمەس، ئۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاساسلىنىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئىلىم ـ مەرىپەت ھاسىل قىلغان، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالايدىغان دىنى ئالىملار بولسا، بۇ كىتابلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە رەددىيە بېرىش ۋە ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن دەرىسلىك قىلىپ پايدىلانسا بولىدۇ.

[شەیخ ئیبنی ئوُسەیمیین ڕەحمەهوُللاه. ].